

رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (13)

# ئانار

تەييارلىغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر



بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن.


ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ.

كۆن ئىسسىق بولغانلىقتىن، ئۇلار تەشنالىقتىن چاڭقاپ كېتىۋاتقاندا، بىر خارابە باغ ئۇچراپتۇ.





پادىشاھ ئۇسسۇزلۇق تېپىشقا ئالدىراپ باغ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا:

- ئۆيدە كىم بار؟ - دەپ توۋلاپتۇ.



ـ خوش، تەقسر، ـ دەپ بر بوۋاي چىقىپتۇ.

ـ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك بر نەرسەڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ـ بار، تەقسىر، ـ دەپ ئىككى تال ئانارنى ئېلىپ چىقىپتۇ بوۋاي.





پادىشاھ ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «مەن بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ، مۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بېغىمدا يوق، بىر گادايىنىڭ ئۆيىدە بولۇشى ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟»



«توختا، مەن بۇ ئانارنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتەي!» دېگەن ئويغا كەپتۇ-دە، يەنە ئانار تەلەپ قىلىپتۇ، باغۋەن ئىلگىرىكى ئاناردىن يەنە ئىككىنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ.



پادىشاھ ئانارنى بىرلا چىشلەپ ۋاي-ۋايلاپ غەزەپ بىلەن:

- نىمىشقا ھېلىقى ئاناردىن ئېلىپ چىقمىدىڭ؟ - دەپ ۋارقىراپتۇ بوۋايغا.


ـ يوقسۇ، تەقسر، ئۆزلرى يېگەن ئاناردىن ئېلىپ چىقتىم، ـ دەپ
جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.



- ئۇنداق بولسا، ئالدىدا يېگەن ئانار
نېمشقا تاتلىق، بۇ نېمە ئۇچۇن ئاچچىق؟



ـ مێنگدە پەقەت بر تۆپ ئانار دەرىخى بار، هەر قێتمدا ئێلپ
چىققىنم شۇ ئاناردىن.

- ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ؟ - دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن.



- ئۇنداق بولسا، - دەپتۇ بوۋاي ئەيمەنمەستىن، - ئەيىپ بىزدە ئەمەس، پادىشاھىمىزدا، پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان.





ـ سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

ـ پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ھەرقانداق تاتلىق نەرسىمۇ ئاچچىق تېتىيدۇ، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.



پادىشاھ بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەببىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com